سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى — 3

دۇنيا باللار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر

# دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كرۇزو




قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

سەرخۇش ئوقۇشلۇقلار دۇنياسى ــ 3

## دۇنيا بالىلار ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ھېكايىلەر

# دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كرۇزو

ئاپتورى: دانىېل دېفو [ئەنگلىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: ئاسىيەم كېرەم

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

بۇ كىتاب دەۋر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 1997 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据时代文艺出版社 1997 年 8 月第 1 版、第 1 次印刷版本翻译出版。

**كىتاب ئىسمى:** دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كرۇزو
**ئاپتورى:** دانىېل دېفو [ئەنگلىيە]
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئاسىيەم كېرەم
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى:** چولپان تۇرسۇن
**نەشرىيات:** قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت:** شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى
**فورماتى:** 787×1092 م م، 1/32
**باسما تاۋىقى:** 2.5
**نەشرى:** 2009 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2009 ـ يىل 2 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5373-1736-8
**باھاسى:** 60.00 يۈەن (10 قىسىم)

**图书在版编目(CIP)数据**

世界儿童文学名著故事:维吾尔文/阿斯艳木·克然木译.—喀什:喀什维吾尔文出版社;乌鲁木齐:新疆电子音像出版社,2009.1

("学海乐园"阅读系列;3)

ISBN 978-7-5373-1736-8

I. 世… Ⅱ.阿… Ⅲ.童话-作品集-世界-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I18

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 013897 号

**书　　名:** 鲁宾逊飘流记
**作　　者:** 笛福 [英]
**翻　　译:** 阿斯艳木·克然木
**责任编辑:** 艾尼瓦·库迪力克
**责任校对:** 乔尔帕·吐尔逊
**出　　版:** 新疆喀什出版社
新疆电子音像出版社
**地　　址:** 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
**邮　　编:** 830000
**发　　行:** 新疆新华书店
**印　　刷:** 新疆八艺印刷厂
**开　　本:** 787mm×1092mm 1/32
**印　　张:** 2.5
**版　　次:** 2009 年 1 月第 1 版
**印　　次:** 2009 年 2 月第 1 次印刷
**定　　价:** 60.00 元 (全十册)



# كىرىش سۆز

«دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كرۇزو» دېڭىزدا يۇرۇش تېمىسىدا يېزىلغان دۇنياۋى مەشھۇر رومان. روماندىكى ھېكايىلەر تەپسىلاتلىرىدا ئەينى چاغدىكى ئەنگلىيە جەمئىيىتىنىڭ رېئاللىقى ۋە كىشىلەرنىڭ چەت ئەللەرگە بېرىپ تەرەققىي قىلىشقا ئىنتىلىشتەك پۇل تېپىش ئىدىيىسى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۆسمۈر كىتابخانلار ئەسەردىكى پېرسوناژنىڭ تەنھا، ياردەمسىز قالغان مۇھىتتا قانداق قىلىپ ھەر خىل شەكىللەر بىلەن يۈكسەك ھوشيارلىقتا ئۆزىنى قوغدىغان ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن ئىنتايىن يىراق بولغان ئارالغا ماسلىشىش نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. بۇ روماننى ئوقۇغاندىن كېيىن باللارنىڭ جاپالىق، ئوڭۇشسىز مۇھىتتا قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئىشەنچى ئاشىدۇ، مۇستەقىل ياشاش ۋە ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈ-





رۇلىدۇ، ھەر خىل ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئىرادىسى كۈچىيىدۇ.

ئەسلى ئەسەر 1719 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئېلان قىلىنغان، كىتاب ئاپتورى ئەنگلىيەلىك يازغۇچى دانىيېل دېفو (Daniel Defoe) 1660 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1731 ـ يىلى ۋاپات بولغان. بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ ھەجمى ئەسلى ئەسەرنىڭ 30 دىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

فەن چۈن

1997 ـ يىلى 8 ـ ئاي





# مۇندەرىجە


دېڭىز سەرگەردانلىقى ........................... 1
تەكشۈرۈش ........................... 6
تاقىر ئارالدا ........................... 10
ئەمگەك قىلىش ........................... 16
يېڭى ئۆڭكۈر ........................... 25
ئادەم گۆشى يەيدىغان ئادەملەر ........................... 31
جۈمە ........................... 36
ئۇستا ماتروس ........................... 43
ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇۋېلىش ........................... 47
چوڭ كېمىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىش ........................... 55
قۇتقۇزۇۋېلىنىش ........................... 65






# دېڭىز سەرگەردانلىقى

ئىسمىم روبىنزون كرۇزو، 1632 ـ يىلى ئەنگلىيىنىڭ يورك شەھىرىدىكى بەختلىك ئائىلىدە تۇغۇلدۇم. دادام كونلىقتا يېپىشۋالىدىغان ئادەم بولۇپ، قانۇن كەسپىدە ئوقۇشۇمنى تەلەپ قىلاتتى، لېكىن مەن دېڭىز سەپىرىگە چىقىشنى ئارزۇ قىلاتتىم.

ئون توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى هول شەھىرىدە، دادىسىنىڭ كېمىسىگە چۈشۈپ لوندونغا بارماقچى بولۇۋاتقان بىر دوستۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوغرىلىقچە لوندونغا باردىم. لوندوندىكى تۇغقانلاردىن پۇل قەرز ئېلىپ، بەزى ماللارنى سېتىۋېلىپ، كېمىگە چۈشۈپ گۋىنېيىگە سودا قىلغىلى باردىم. نەتىجىدە نۇرغۇن پۇل تاپتىم. دېڭىز سەپىرىم ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولغاچقا، ئاشۇ كېمىگە چۈشۈپ داۋاملىق سەپەر قىلدىم.







لېكىن بۇ قېتىمقى دېڭىز سەپىرىدە ئىنتايىن زور بەختسىزلىككە ئۇچرىدىم: كېمىنى مەۋر① دېڭىز قاراقچىلىرى بۇلاپ كەتتى، دېڭىز قاراقچىسىنىڭ ئۆيىدە ئىككى يىل ئىشلىدىم. كېيىن بىر قېيىقنى ھەيدەپ قېچىپ چىقىپ، برازىلىيىگە بارىدىغان بىر كېمە تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنىپ برازىلىيىگە باردىم.

برازىلىيىدە تۆت يىل تۇردۇم، بۇ جەرياندا جاپا تارتىپ شېكەر قومۇشى ئۆستۇرۇپ، ئازراق پۇل يىغدىم. شېكەر قومۇشى ئۆستۈرىدىغان بىرنەچچەيلەن بىر كۈنى يېنىمغا كېلىپ بىرلىشىپ كېمە سېتىۋالىدىغانلىقىنى، مېنىڭمۇ مال بېسىپ گۋىنىيىگە بېرىپ سودا قىلىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. دېڭىز سەپىرىگە بولغان قىزىقىش بىلەن ئۇلارغا ماقۇل بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن 1659 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كېمىگە چۈشۈپ سەپەرگە ئاتلاندىم.

كېمىمىزگە ئالتە دانە زەمبىرەك ئورنىتىلغان، كېمىدە كېمىدار، ئۇنىڭ كىچىك خىزمەتچىسى ۋە مەندىن باشقا جەمئىي 14 ئادەم بار ئىدى. بىز ئافرىقىنىڭ دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ ماڭدۇق. 12 كۈن ماڭغاندىن كېيىن توساتتىن

① مەۋر ــ شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەرەبلەر.





قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى، بوران شۇ قەدەر دەھشەتلىك بولدىكى، كېمە ئېگىز ـ پەس تەۋرەپ تۇراتتى. يەنە ئۇدا 12 كۈن ماڭدۇق. ھەمراھلىرىمىزدىن بىرى كېسەل بولۇپ ئۆلدى، ئىككىسىنى دولقۇن ئېلىپ كەتتى. ئىككىنچى قېتىم بوران چىققاندا، بوران بىزنى ئىنسانىيەتنىڭ سودا يولىدىن ئىنتايىن يىراق بولغان يەرگە ئاپىرىپ تاشلىغانىدى.

شىددەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىزدا كېمىمىز بوراننىڭ ئۇرۇشى بىلەن قىلچە نىشانسىز كېتىپ باراتتى، بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى تۇيۇقسىز كېمىدىكىلەردىن بىرى «قۇرۇقلۇق!» دەپ ۋارقىرىدى، دەل شۇ چاغدا كېمىمىز قۇمغا پېتىپ قالغانىدى.

دولقۇن يەنىلا شىددەتلىك بولۇپ، پالوبىغا ئۇرۇلۇپ كېلەتتى. كېمىنىڭ پاچاقلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، كېمىدىكى قېيىقنى دېڭىزغا چۈشۈرۈپ ھەممىمىز قېيىققا چۈشۈۋالدۇق. قېيىق دولقۇن ئىچىدە كېتىپ باراتتى.

بىر چاقىرىمدەك ئىلگىرىلىگىنىمىزدە، تاغدەك بىر دولقۇن كەينىمىزدىن تۇيۇقسىز كېلىپ ئۇرۇلۇپ قېيىقىمىزنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتتى. ھەممىمىز دېڭىزغا تۆكۈلۈپ دولقۇننىڭ قارنىغا كىرىپ كەتتۇق.





مەن سۇغا چۆكۈپ كەتتىم، كۈچلۈك دولقۇن مېنى ئې-
قىتىپ قىرغاققا ئۇراتتى، ئارقىدىن يەنە دېڭىزغا ئېلىپ
كىرىپ كېتەتتى. مۇشۇنداق نەچچە قېتىم ئۆتكەندىن كېيىن
قىياغا مەھكەم يېپىشىۋېلىپ، ئاخىر خەتەردىن قۇتۇلدۇم.
مەن تەسلىكتە قىرغاققا چىقىپ ئوتلاقتا ئولتۇردۇم. لېكىن
بىرمۇ ھەمراھىمنى كۆرەلمىدىم، ئۇلار سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆل-
گەندى.

ئۇستىۋېشىم ھۆل، قورسىقىم ئېچىپ كەتكەندى.
ئازراق تاتلىق سۇمۇ يوق، قۇرۇقلۇق قاقاس دالا ئىدى، مەندە
ئوق ئوۋلاپ جان باققۇدەك ياكى يىرتقۇچلاردىن قوغدانغۇدەك
قورال يوق ئىدى. مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا خۇددى ساراڭ
بولۇپ قالىدىغاندەك ئىنتايىن ئازابلاندىم.

قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى، يىرتقۇچلارنىڭ كېلىپ
مېنى يەۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە
كېلىپ ئۈستىگە چىقتىم. چىڭ ئاچىغا جايلىشىۋالدىم ھەم
ئۆزۈمنى قوغداش مەقسىتىدە دەرەخ شېخىدىن توقماق ياسى-
ۋالدىم. ئاندىن ئولتۇرۇپ ئۇخلىماقچى بولدۇم، بەك ھېرىپ
كەتكەنلىكتىن ئولتۇرۇپلا قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتىمەن.









# تەكشۈرۈش

ئويغانسام تاڭ ئېتىپ كېتىپتۇ، ھاۋا ئېچىلىپ شامالمۇ بېسىلغاندى، دېڭىزمۇ تۈنۈگۈنكىدەك دولقۇنلۇق ئەمەس. بىراق مېنى ھەممىدىن بەك ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، ھېلىقى قۇمغا پېتىپ قالغان كېمە دېڭىز تاشقىنى نەتىجىسىدە ئورنىدىن قوزغىلىپ، ھېلىقى مەن يامىشىپ چىققان قىيانىڭ قېشىغىلا كېلىپ قاپتۇ، ئۆرۈلۈپ كەتمەپتۇ. بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇش بولدۇم. كېمىگە بېرىپ ئۆزۈمگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكېلىۋېلىشنى ئويلىدىم.

كېمىنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىر تال ئارغامچىغا ئېسىلىپ كېمە بېشىدىكى پالوبىغا چىقىۋالدىم. كابۇتىغا كىرىپ، كېمىدىكى يېمەكلىكلەرنىڭ قۇرۇق بولۇپ، تەمى بۇزۇلمىغانلىقىنى بىلدىم. يانچۇقۇمغا لىق پېچىنە قاچىلاپ، قورسىقىمنى توقلىغاچ كېمىدىكى يەلكەن خادىسى، تاختاي ۋە ماچتا يا-





غاچىلىرىنى چىقىرىپ، ئارغامچا بىلەن تېڭىپ سال قىلىپ سۇغا تاشلىدىم.

سالغا تاختاي يېيىتتىم. ئاندىن بولكا، گۈرۈچ، قۇرۇ-تۇلغان قوي گۆشى قاتارلىق نەرسىلەرنى بىر ساندۇققا قاچى-لىدىم. بۇنىڭدىن باشقا، ياغاچچىلىق سايمانلىرى سېلىنغان بىر ساندۇقنى تېپىۋالدىم، چوڭ كابۇتىدىن ئىككى مىلتىق، ئىككى تاپانچا، نەچچە خالتا ئوق دورىسى، بىر خالتا ئوق ھەم دات بېسىپ كەتكەن ئىككى قىلىچ تېپىۋالدىم. يەنە بىر كابۇ-تىدىن ھېچ نەرسە بولماي ئوبدان تۇرغان ئىككى تۇڭ مىلتىق دورىسى تاپتىم. بۇ نەرسىلەرنى سالغا بېسىپ، پالاقنى تۇتۇپ، سالنى قىرغاققا ھەيدىدىم.

نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ سالنى بىر قولتۇققا ھەيدەپ باردىم. ئاندىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى قىرغاققا يۆتكىۋالدىم.

شۇنىڭ بىلەن بۇ قاقاسلىقنى تەكشۈرۈشنى باشلىدىم: نەرسىلىرىمنى يوشۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن بىخەتەر بىر ئورۇن-نى تېپىشىم كېرەك ئىدى. بۇ چاغدا مەندىن بىر چاقىرىم كەلمەيدىغان يەردە ئىنتايىن تىك ھەم ئېگىز تاغ كۆرۈندى. ئۇ باشقا بىرنەچچە تاغلارنىڭ ھەممىسىدىن ئېگىز ئىدى.







مەن بىر ئوۋ مىلتىقى، بىر تاپانچا ۋە بىر خالتا مىلتىق دورىسىنى ئېلىپ شۇ تاغنىڭ ئۈستىگە قاراپ ماڭدىم.

نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ، مىڭبىر جاپالار بىلەن ئاخىر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم: مەن يالغۇز ئارالغا چىقىپ قاپتىمەن. يىراقتا تاغلار ۋە غەرب تەرەپتىكى كىچىكرەك ئىككى ئارالدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، ئەتراپ كۆپكۆك دېڭىز ئىدى.









# تاقىر ئارالدا

يەنە بىلدىمكى، مەن تۇرۇۋاتقان بۇ جاي تاقىر ئارال بولۇپ، هايۋانلاردىن باشقا ئادىمىزات يوق ئىدى. قايتىپ كې-لىۋېتىپ ئورمانلىقتا دەرەخ ئۈستىگە قونۇپ تۇرغان بىر قۇشنى ئېتىۋالدىم. لېكىن ئېتىۋالغىنىم سېسىغان گۆشنى يەيدىغان قۇش بولغاچقا، ئۇنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولمىدى.

سالنىڭ يېنىغا كېلىپ نەرسىلەرنى قىرغاققا يۆتكەپ چىقتىم. كېچىسى يىرتقۇچلارنىڭ هۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ، كېمىدىن ئېلىپ كەلگەن ساندۇق ۋە تاختايلارنى ئەتراپقا تىزىپ چەللە ياساپ، شۇ چەللىگە كىرىپ كېچىنى ئۆتكۈزدۈم.

ئەتىسى ئەتىگەندە هېلىقى بۇزۇلغان كېمىگە بېرىپ، سال ياساپ سالغا نۇرغۇن مىخ، ۋىنتا، نەچچە پالتا ۋە بىر قۇم چاقنى قاچىلىدىم. زەمبىرەكچىلەرنىڭ نەرسىلىرى ئىچىدىن






تۆمۈر ئىلمەك، ئوق، يەتتە دانە ئۇزۇن مىلتىق، بىر دانە ئوۋ مىلتىقى، بىر دۆۋە مىلتىق دورىسى، بىر خالتا ئۇششاق ئوق، يوغان بىر يۆگەم نېپىز قوغۇشۇن تاپتىم. بۇلاردىن باشقا، نۇرغۇن كىيىم - كېچەك، زاپاس يەلكەن، سەگەنچۈك ۋە يوتقان - كۆرپە قاتارلىق نەرسىلەرنى تېپىۋالدىم. بۇ نەرسىلەرنى سالغا بېسىپ قىرغاققا ئەكېلىۋالدىم.

ئون تۆت كۈن بۇزۇلغان كېمىگە ئون بىر قېتىم بېرىپ، ھەر قېتىمدا ئەسقاتىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەكېلىۋالدىم.

يۆتكەش - توشۇش ئىشى تۈگىگەندىن كېيىن ھاياتىمنىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسىنى ئويلىدىم. ئەگەر بۇ تاقىر ئارالدا ياۋايى ئادەم ياكى يىرتقۇچلار ھۇجۇم قىلىپ قالسا، قانداق تاقابىل تۇرۇشۇم كېرەك؟ شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمگە بىخەتەر ماكان تەييارلاش نىيىتىگە كەلدىم.

تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئاخىرى بىر كىچىك تاغنىڭ تۈۋىدىن بىر تۈزلەڭ يەرنى تاپتىم. بۇ تاغنىڭ ئالدى تەرىپى خۇددى تامغا ئوخشاش تىك بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم ۋە ھايۋان بۇ يەردىن چىقالمايتتى. تاغنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى پەستە غار بار ئىدى. ئۆزۈمنىڭ چېدىرىمنى مۇشۇ تاغنىڭ ئالدىدىكى







تۆپتۈز ئوتلاقتا تىكمەكچى بولدۇم. بۇ ئوتلاق ئىشىكىمنىڭ ئالدىدىكى چىمەنزارغا ئوخشايتتى. ھېلىقى كامارنىڭ ئالدى-نى بويلاپ، ئىككى قاتار قىلىپ مەزمۇت قوزۇقلارنى قاقتىم. ئاندىن كېيىن كېمىدىن ئېلىپ كەلگەن زەنجىرلەرنى قوزۇق-لارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئىنتايىن پۇختا قاشا قىلدىم. قاشاغا ئىشىك قويماي، كىچىك شوتا بىلەن ئارتىلىپ كىرىپ - چىقىدىغان قىلدىم. ھەر قېتىم كىرىۋالغاندىن كېيىن شوتىنى ئېلىۋەتتىم. مۇشۇنداق بولغاندا خاتىرجەم ئۇخلىيالايتتىم. بوران - يامغۇردىن دالدا قىلىش ئۈچۈن قا-شانىڭ ئىچىگە چوڭ چېدىر تىكتىم. بۇ ئىشلارغا نۇرغۇن كۈچ ۋە ۋاقىت سەرپ قىلدىم.

بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، بىرىنچىدىن، سەيلە قىلغاچ يېگۈدەك بىرنەرسە ئېتىۋېلىش، ئىككىنچى-دىن، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئارالدىكى ئەھۋال بىلەن كۆپرەك تونۇشۇش مەقسىتىدە، ھەر كۈنى ئاز دېگەندە بىر قېتىم مىلتىقنى ئېلىپ ئەتراپنى ئايلىنىپ كۆردۇم.

بۇ يەرگە كېلىپ ئون نەچچە كۈندىن كېيىن چېسلانى خاتىرىلەپ قويۇش تۇيۇقسىز يادىمغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن تاختايغا پىچاق بىلەن «مەن 1659 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 -









كۇنى مۇشۇ يەردىن قىرغاقا چىققان» دېگەن خەتلەرنى ئويۇپ، چوڭ تۇۋرۇككە مىخلىدىم ھەمدە تۇۋرۇكنى دەسلەپ قىرغاقا چىققان يېرىمگە قاداپ قويدۇم ۋە ھەر كۇنى ئۇنىڭغا بىر سىزىق ئويۇپ تۇردۇم، ھەر يەتتە كۇندە ئۇزۇن سىزىق ئويۇپ قويدۇم، ھەر ئاينىڭ 1 ـ كۇنى تېخىمۇ ئۇزۇن سىزىق ئويۇپ قويدۇم. مانا بۇ مېنىڭ كالېندارىم بولدى. بۇنىڭدىن ھەپتە، ئاي، يىلنى ھېسابلاپ تۇردۇم.

بۇزۇلۇپ كەتكەن كېمىدىن ئەكېلىۋالغان نۇرغۇن نەرسىلەر ئىچىدە پۇلغا يارىمايدىغان بىرنەچچە نەرسە ماڭا ناھايىتى ئەسقاتتى. بۇ نەرسىلەر قەلەم، سىياھ، قەغەز، ئۈچ ـ تۆت كومپاس، دېڭىز قاتنىشى توغرىسىدىكى كىتابلار، ھېسابلاش ئەسۋابلىرى، ئۈچ پارچە ئىنجىل ئىدى. كېمىدىكى بىر ئىت بىلەن بىر مۇشۇكمۇ ماڭا ئەگىشىپ بۇ تاقىر ئارالغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار ماڭا بىردىنبىر سادىق ھەمراھ بولدى.

يۆتكەپ كەلگەن نەرسىلەرنى ئوبدان رەتلىۋالغاندىن كېيىن چوڭ ـ كىچىك پالتا ۋە ھەرىلەرنى ئىشلىتىپ، كۇندىلىك تۇرمۇشقا زۆرۈر بولغان ئەسۋابلارنى ياساشقا كىرىشىپ، ئىنتايىن كۆپ كۇچ ۋە ۋاقىت سەرپ قىلىپ بىر شىرە، بىر ئورۇندۇق ۋە نەرسە ـ كېرەك قويىدىغان يوغان





جازا ياسىدىم.

بۇ ئىشلار پۈتكەندىن كېيىن كۈندە يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، شىرەگە قويۇپ كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ ماڭدىم.

تۆۋەندىكىلەر كۈندىلىك خاتىرىگە يېزىپ قويغانلىرىمنىڭ بىر قىسمى. مۇشۇ ئارالغا كەلگەندىن تارتىپ يۈز بەرگەن مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سىياھىم تۈگەپ كەتكۈچە خاتىرىلەپ ماڭغاندىم.









# ئەمگەك قىلىش

مېنىڭ بۇ ئارال ئۈستىدە تەپسىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىم 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى باشلاندى. ئالدى بىلەن ئېرىقنى بويلاپ يۇقىرىغا قاراپ مېڭىپ نۇرغۇن دەل ـ دەرەخلەرنى كۆردۈم، ئارالدا يەنە مېۋىلىك دەرەخلەر، نۇرغۇن قوغۇن ـ تاۋۇزلار، تەكتە چۈشكەن سانسىز ئۈزۈملەر بار ئىدى. بۇ كېچىنىمۇ دەرەخنىڭ ئۈستىدە ئۆتكۈزدۈم.

ئەتىسى سەھەردە داۋاملىق ئالغا ماڭدىم. ئالاھەزەل تۆت چاقىرىمدەك مېڭىپ بىردىنلا ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدىم. ئۇ يەر يېشىللىققا پۈركەنگەن بولۇپ، ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىغا ئوخشايتتى.

بۇ يەردە نۇرغۇن ئۈزۈم، ئاپېلسىن ۋە لىمون... ئۈزدۈم.

بۇ قېتىمقى ساياھەتتىن يېنىپ كېلىپ ئىنتايىن





خۇشال كەيپىياتتا ئاشۇ كۆرۈپ كەلگەن مېۋىسى مول ۋادىنى ئەسلەيدىغان بولدۇم. ئۆيۈمنى شۇ يەرگە كۆچۈرۈش خىيالىغىمۇ كەلدىم. لېكىن ئاخىر كۆچمەي ئۇ يەردە كەپە ياساپ، ئۇنى دېڭىز ساھىلىدىكى داچا قىلىش قارارىغا كەلدىم. بۇ كەپە 8 - ئاينىڭ باشلىرى پۈتتى. كەپىنىڭ چۆرىسىگە ئىككى قەۋەت قاتار قوزۇق قېقىپ قاشا ياساپ، ناھايىتى بىخەتەر قىلىۋەتتىم. ئۇ يەردە پات - پات ئۇدا ئىككى ~ ئۈچ كېچە قونۇپ قالاتتىم.

8 - ئاي ئارىلىنىڭ يامغۇر پەسلى بولغاچقا، كۈن بويى يامغۇر ياغدى.

بۇ ھال مېنى «كونا ئۆيۈم»گە بېرىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. يامغۇر پەسلىدە ئىنچىكە شاخلاردىن نۇرغۇن سېۋەت توقۇدۇم. يامغۇر پەسلى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن داۋاملىق چىقىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم.

جىلغىدىن ئۆتۈپ كەپەمگە باردىم. ئۇ كۈنى ھاۋا ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئۇ يەردىن غەربكە قاراپ، دېڭىزدا بىر پارچە قۇرۇقلۇق بارلىقىنى كۆردۈم. ئۇ يەرنىڭ ئورنى ئېگىز ئىدى. لېكىن بۇ يەرنىڭ ئارال ياكى قىتئە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. مەن ئۇنىڭ دۇنيانىڭ قەيېرى ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ئا-







مالسىز ئىدىم. ئېھتىمال ئۇ يەردە ياۋايى ئادەملەر باردۇر.

مەن ئويلىغاچ داۋاملىق ئالغا قاراپ ماڭغانىدىم، ئارال- نىڭ بۇ قىسمى مېنىڭ ئۆيۈم جايلاشقان قىسمىغا قارىغاندا كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. تۇپتۇز دالا ياۋا گۇللەر ۋە ئوت ـ چۆپلەرگە تولۇپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە شاتۇت كۆپ ئىكەن. بىرنى ئېتىپ يارىلاندۇرۇپ تۇتۇۋالدىم ـ دە، يارىسىنى ساقايتىپ، نەچچە يىل سەرپ قىلىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلىشنى ئۆگەتتىم. ئۇ ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن «روبىنزون» دەپ ئىسمىمنى چاقىرالايدىغان بولدى.

ئويمان جايلاردا ياۋا توشقان ۋە تۈلكىلەرنى ئۇچراتتىم. دېڭىز ياقىسىغا بارغاندا دېڭىز ساھىلىدا سانسىز تاشپاقا ۋە ئۇچار قۇشلارنى كۆردۈم.

دېڭىز ياقىسىنى بويلاپ شەرققە قاراپ 12 چاقىرىمدەك مېڭىپ، ئۇ يەرگە يول بەلگىسى قىلىپ ئېگىز تۈۋرۈك قېقىپ قويدۇم.

بۇ يەردە ياشىغان ئۈچ يىلدا نەچچە قېتىم ئارپا ۋە شال تېرىپ ئازراق ھوسۇل ئالدىم. بولكا ياساش ئۈچۈن نۇرغۇن تەييارلىق ئىشلىرىنى قىلدىم. بولكا ياساش ئۈچۈن زىرائەتنى تېرىش، يىغىۋېلىش، ئۇن تارتىش، پىشۇرۇش، ياساش قاتار-









لىق جەريانلار كېتەتتى. مەندە بۇ ئىشلارنى قىلىشتا ئىشلە-تىدىغان سايمان بولمىغاچقا، نۇرغۇن كۈچ ۋە ۋاقىت سەرپ قىلىپ ھەر خىل ئاماللارنى تېپىپ، ھەممە قىيىنچىلىقلار-نى يېڭىشكە توغرا كەلدى.

بىرىنچىدىن، مەندە يەر ئاغدۇرىدىغان ساپان، گۈرجەك يوق. لېكىن ياغاچتىن گۈرجەك ياساپ ئىشلەتتىم. ئىككى پارچە يەرگە ئۇرۇق چېچىپ، چۆرىسىنى پۇختا قاشالىدىم، بۇ قۇرۇلۇشقا توپتوغرا ئۈچ ئاي ۋاقتىم كەتتى.

ئىككىنچىدىن، ماڭا ئاشلىق يانجىيدىغان ئوغۇر كېرەك. لېكىن ياغۇنچاق ياساش ھۈنىرىنى ئۆگەنمىگەنىدىم. ئوغۇر قىلىشقا بولغۇدەك بىرەر ئوتتۇرىسى ئويمان تاشنىمۇ ئىزدەپ تاپالمىدىم. ئاخىر ئوغۇر ياساشقا لايىق كېلىدىغان قاتتىق كۆتەك تېپىپ، چوڭ - كىچىك پالتا، پىچاقلىرىمنى ئىشقا سېلىپ، ئۇنى يۇمىلاق ھالەتكە كەلتۈردۈم، ئاندىن كېيىن كۆيدۈرۈش، چېپىش ئارقىلىق ئوتتۇرىسىنى ئويۇپ ئوغۇر ھەم تۆمۈر دەرەخ دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل دەرەخنىڭ شېخىدىن يوغان ھەم ئېغىر ئوغۇر دەستىسى ياسىدىم. شۇنىڭ بىلەن داننى ئۇنغا ئايلاندۇرۇش مۇمكىن بولدى.

لېكىن بولكا قىلىش ئۈچۈن ئۇندىكى كېپەكنى ئايرىي-





دىغان ئەلگە بولۇشى كېرەك. بۇ يەردە داكا ياكى ماتادەك نەر-
سىمۇ يوق ئىدى. نەچچە ئاي ئويلانغاندىن كېيىن كېمىدىن
ئېلىپ كەلگەن ماتروسلارنىڭ كىيىملىرى ئارىسىدا پاختا
يىپتىن توقۇلغان بىرنەچچە شارپا بارلىقى ئېسىمگە كېلىپ
قالدى. شۇلارنى ئىشلىتىپ ئۈچ دانە كىچىك ئەلگە ياسىدىم.

ئاخىر يەنە بىر مەسىلە پەيدا بولدى: بولكىنى قانداق پى-
شۇرۇش كېرەك؟ مەندە ئېچىتقۇمۇ، مەشمۇ يوق ئىدى.

مەش ياساش ئۈچۈن لايدىن تەشتەك ياساش نىيىتىگە
كەلدىم. سېغىز تېپىپ كېلىپ، ئۇنى ئۇۋۇلاپ، نەچچە قېتىم
مەغلۇپ بولۇپ، ئاخىر ئىككى ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ
ئىككى چوڭ تەشتەك، چىنە، تەخسە، چەينەك، ساپال قازان
قاتارلىق نەرسىلەرنى ياساپ، ئۇلارنى قىزىق ئاپتاپتا قۇرۇ-
تۇپ، ئاندىن بۇ ساپال ئەسۋابلارنىڭ چۆرىسىگە ئوتۇن دۆۋى-
لەپ ئوت يېقىپ، ئەسۋابلار قىپقىزىل قىزارغۇچە ئوتنى ئۆ-
چۈرمىدىم. ئوت بەش ~ ئالتە سائەت كۆيگەندىن كېيىن تەد-
رىجىي سۇسلاتتىم. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۈچ دانە ساپال قازان،
ئىككى دانە تەشتەك تەييار بولدى.

ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن نۇرغۇن خىش پىشۇرۇپ، بىر
مەش ياسىدىم، خېمىرنى ئۇنىڭغا سېلىپ تەشتەك بىلەن









كۆمتۈرۈپ، تەشتەكنىڭ چۆرىسىگە چوغ دۆۋىلىدىم. ئېچىتقۇ بولمىسا بولكا ياساش مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن ناھايىتى مەززىلىك ئارپا نېنى پىشتى.

مۇشۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا ئۆتكەن قېتىم ئارالنىڭ شىمالىدىكى ئوكياندا كۆرۈنگەن قۇرۇقلۇقنى يادىمدىن چىقىرالمىدىم. ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرۈپ باققۇم كەلدى. شۇنىڭ بىلەن دەرەخنىڭ غولىدىن ئويما قېيىق ياساشقا بەل باغلىدىم.

نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ بىر تۈپ شەمشاد دەرىخىنى يىقىتىپ، بىر ئاي سەرپ قىلىپ ئۇنىڭ شاخلىرىنى كېسىپ، ئاندىن ئۇنىڭ بىر تەرىپىنى تۈز قىلىپ يونۇدۇم، يەنە بىر تەرىپىنى قېيىقنىڭ تەكتى شەكلىدە يونۇپ چىقتىم. يەنە ئۈچ ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۈستىدىن ئويۇپ قېيىق شەكلىگە كەلتۈردۈم، ئۇنىڭغا يىگىرمە ئالتە ئادەم سىغاتتى.

بۇ چاغدا مېنىڭ ئارالدا ياشاۋاتقىنىمغا تۆت يىل بولغانىدى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى نەچچە يىلدا بۇ قېيىقنى داۋاملىق ياساپ ئاخىر بىر كۈنى پۈتكۈزدۈم.







بۇنىڭدىن باشقا ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تېرىسىدىن كۆنلۈك ياساپ، قېيىقنىڭ كەينى تەرىپىگە ئورناتتىم، بىر زىنتتىن يەلكەن ياساپ ماچتىغا بېكىتتىم. سۇغا سېلىپ سىناپ باقسام ناھايىتى ئەپلەشتى. قېيىقنىڭ ئىككى بېشىغا بىر-نەچچە تارتما ياساپ، ئاشلىق ۋە مىلتىق دورىلىرىنى تارتمىغا قاچىلىدىم. بىر تال مىلتىقنى نەم بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تاختاينىڭ ئاستىغا قويدۇم. بۇ قېيىقنى پات ـ پات ھەيدەپ، دېڭىزدا قىسقا سەپەرلەرنى قىلاتتىم.

بۇ ئارالغا كەلگىنىمگە توپتوغرا ئون يىل بولدى. بۇ چاغدا بىر قوتان ئۆچكە بېقىشنى پىلانلىدىم. بىر يېرىم يىلدا 12 ئۆچكىگە ئىگە بولدۇم. يەنە ئىككى يىل ئۆتۈۋېدى، سويۇپ يېگەن نەچچىسىنى چىقىرىۋەتكەندە ئۆچكەم 43 كە كۆپەيدى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن مەندە يېيىشكە گۆش بولۇپلا قالماستىن، ئىچىشكە سۈتمۇ بار بولدى.

تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق ھەممە نەرسە دېگۈدەك مەندە بار بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېمەكلىكلىرىم ئىنتايىن مول ئىدى.





# يېڭى ئۆڭكۈر

بىر كۈنى چۈشتە قېيىقنىڭ يېنىغا بېرىپ، تۇيۇقسىز دېڭىز بويىدىكى قۇملۇقتا ئېنىق تۇرغان بىر يالاڭئاياغ ئادەمنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ قالدىم، بۇنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كەتتىم. ئۇيان ـ بۇيان كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم، ھېچنېمە كۆرۈنمىدى. ئاندىن ئېگىز دۆڭگە چىقىپ قاراپ باقتىم. ئىككىنچى بىر ئىز كۆرۈنمىدى.

ئەقلىمدىن ئېزىپ قېلىۋاتامدىمكىن دەپ گۇمان قىلدىم. لېكىن پۇتنىڭ بارماق، تاپان ئىزلىرى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. بەدەر ئۆيۈم (ئۇنى قورغىنىم دەيتتىم)گە قاچتىم.

بەك قورقۇپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن بىردەم ـ بىردەم كەينىمگە قارايتتىم. يىراقتىن كۆرۈنگەن بىر تۈپ دەرەخ ۋە بىر تال كۆتەكنىمۇ ئادەممىكىن دەپ گۇمانلىناتتىم.







قورغىنىمغا يېتىپ كېلىش بىلەنلا خۇددى بىر كىم كەينىمدىن قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك دەرھال قورغاننىڭ ئىچىگە كىرىۋالدىم. دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن قورغان تېمىنىڭ سىرتىغا يېرىم چەمبەر شەكلىدە يەنە بىر قاشا تام قىلدىم. كونا زەنجىرلەر ۋە باشقا نەرسىلەر بىلەن تېڭىپ ناھايىتى چىڭ پۇختىلىدىم. تام ئۈستىدىن يەتتە تۆشۈك ئېچىپ، كېمىدىن ئېلىپ كەلگەن يەتتە تال مىلتىقنى يەتتە تۆشۈككە قويدۇم. ئەگەر بىر ئىش بولۇپ قالسا، ئىككى مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا يەتتە پاي ئوق ئاتالايتتىم.

تام پۇتكەندىن كېيىن تامنىڭ سىرتىغا 200 تۈپ دەرەخ تىكتىم. دەرەخ بىلەن تامنىڭ ئارىلىقى بوشلۇق بولۇپ، ئەگەر دۈشمەن يېقىنلاپ قالسا، ئېنىق كۆرۈپ ئېتىپ تاشلىيالايتتىم.

بەش ـ ئالتە يىلدىن كېيىن تام سىرتىدىكى دەرەخلەر ناھايىتى باراقسان ئۆسۈپ، ئارىسىدىن ئۆتكىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ ئارقىسىدا ئادەم بارلىقى ھېچكىمنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى. ئۆزۈم كىرىپ ـ چىقىشقا ئىككى شوتا ئىشلىتەتتىم. بىر شوتىنى تاغنىڭ پەسرەك يېرىگە قويۇپ، شۇ شوتا ئارقىلىق تاغنىڭ بېلىدىكى قىرغاققا





چىقىۋالغاندىن كېيىن ئۇ يەرگە يەنە بىر شوتا قويۇپ، تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كېتەتتىم. شوتا بولمىسا قورغىـنىمغا كىرگىلى بولمايتتى.

ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئۆزۈمنى قوغدىدىم. تۇرمۇشۇم دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئۆتتى.

بىر كۈنى ئارالنىڭ غەرب تەرىپىگە باردىم. بۇرۇن بېرىپ باقمىغان تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، دېڭىزغا قاراپ، كېمىدەك بىر نېمىنى كۆرۈپ قالدىم. لېكىن ئارىلىق بەك يىراق بولغاچقا ئېنىق كۆرەلمىدىم.

تاغدىن چۈشۈپ ئارالنىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىگە يېتىپ كېلىپ، قورققىنىمدىن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدىم: دېڭىز بويىنىڭ ھەممە يېرى ئادەمنىڭ كاللا، قول، پۇت سۆڭەكلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. يەنە بىر يەردە ئوت قالانغان ئورەك تۇرۇپتۇ. ئادەمخور ۋەھشىيلەر شۇ ئورەكـنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، ئۆز تۇرداشلىرىنىڭ گۆشىنى يېگەن بولسا كېرەك.

بۇنداق دەھشەتلىك مەنزىرىگە ئارتۇق قاراشقا چىدىماي، دەرھال يۇگۈرگىنىمچە ئۆيۈمگە قاراپ يول ئالدىم. ئالدىمدىـكى سايە تاشلاپ تۇرغان ئورماننى كۆرگەندىلا يۈرىكىم بىرئاز







جايىغا چۈشتى. بۇ يەردە 18 يىل ياشىدىم. يەنە 18 يىل ياشىيالارمەنمۇ؟ دەپ ئويلاندىم.

شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىلدا پات ـ پات سىرتقا چىقىپ تۇردۇم. لېكىن ھەر قېتىم سىرتقا چىققاندا مىلتىق ئاسقاندىن باشقا يەنە ئىككى تاپانچا ۋە بىر قىلىچمۇ ئېسىۋالىدىغان بولدۇم. مۇشۇنداق خەتەرلىك ۋە ۋەھىمىلىك تۇرمۇشتا ھېچقانداق كەشپىيات ۋە كەلگۈسىدىكى خاتىرجەم ھايات توغرىسىدا پەقەت ئويلىمايدىغان بولدۇم. بىر تال مىخنى قېقىش، بىر تۇپ دەرەخنى كېسىش، بىر پاي ئوق ئېتىش، ھەتتا ئوت قالاپ تاماق قىلىشتىمۇ ئېھتىيات قىلىدىغان بولدۇم. يېڭى ئۆڭكۈر تېپىپ شۇ يەردە ئوت قالىشىم كېرەك ئىدى.

بۇ يېڭى ئۆڭكۈر تاغ تاشلىرى ئارىسىدىكى تەبىئىي غار ئىدى. تاسادىپىي پۇرسەتتە بۇ ئۆڭكۈرنى تېپىۋالدىم. دەسلەپ بۇ ئۆڭكۈرگە كىرگەندە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە پارقىراپ تۇرغان نۇرنى كۆرۈپ قورقۇپ يېنىپ چىقتىم. كېيىن ئۆزۈمگە غەيرەت بېرىپ، كۆيۈپ تۇرغان ياغاچنى ئېلىپ ئۆڭكۈرگە كىردىم. لېكىن ئىككى ~ ئۈچ قەدەم ماڭغاندا، خۇددى كېسەل ئادەم ئىنجىقلىغاندەك ئاۋازنى ئېنىق ئاڭلاپ،









قورقۇپ يېنىپ چىقتىم.

بىراق مەن يەنىلا ئۆزۈمگە مەدەت بېرىپ، ئۇچىنچى
قېتىم كىرىپ ئىنچىكىلەپ قارىسام، جېنى چىقىش ئالدىدا-
كى قېرى تېكە ھالسىراپ يېتىپتۇ.

ئەتىسى ئۆچكە يېغىدا ياسىۋالغان ئالتە تال شامنى
ئېلىپ، ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىدىن ئۆمىلەپ كىرىپ، ئۆڭكۈر ئى-
چىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. تۇنۇگۈن ئىن-
جىقلاپ ياتقان تېكە ئۆلۈپ قاپتۇ.

بۇ جاينى تېپىۋالغانلىقىمدىن ئىنتايىن رازى بولدۇم.
دەرھال تېكىنى كۆمۈۋېتىپ، كەم بولسا بولمايدىغان نەرسى-
لىرىمنى، بولۇپمۇ مىلتىق دورىسى ۋە قورال - ياراغلىرىمنى
بۇ يەرگە يۆتكەپ كەلدىم. بۇ يەردە ياشىسام 500 ياۋايى كەل-
سىمۇ مېنى تاپالمايدىغانلىقىغا، تاپالىغان تەقدىردىمۇ بۇ غارغا
تەۋەككۈل قىلىپ كىرەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.





# ئادەم گۆشى يەيدىغان ئادەملەر

بۇ ئارالدا ياشاۋاتقىنىمغا 23 يىل بولدى. بۇنداق زېرى-كىشلىك ۋە كۆڭۈلسىز تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدىم. يا-ۋايىلار كېلىپ پاراكەندىچىلىك سالمىسىلا، قالغان ئۆمرۈمە-نى ھېلىقى تېكىدەك مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرۇشنى خالايتتىم. كېمىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىت مەن بىلەن 16 يىل بىللە ياشاپ قېرىپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مەن باققان شاتۇتى مەن بىلەن 20 يىل بىللە ياشىدى. مەن بىلەن راۋان سۆزلىشەلەيتتى. ئېھتىمال ئۇ يەنە نۇرغۇن يىللار ياشار.

12 ـ ئاينىڭ بىر كۈندۈزى ئارپا ئورۇۋاتقاندا، مەندىن ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتىكى قىرغاقتا كۆتۈرۈلگەن ئىسنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ ھال مېنى قاتتىق چۆچۈتتى. مېنىڭ قورققىنىم — بۇ ئوت ئارالنىڭ مەن بار تەرىپىدە كۆيۈۋاتات-







تى. ئالدىراپ ـ تېنەپ قورغانغا بېرىپ، شوتىنى ئېلىۋەتتىم. يەتتە مىلتىقنى ئۆز جايلىرىغا قويدۇم، تاپانچىلارغا ئوق سېلىپ، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلاندىم. لېكىن ئىككى سائەت ساقلاپ، ھېچقانداق شەپە كۆرمىدىم.

شۇنىڭ بىلەن تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ئىس كۆتۈرۈلۈۋاتقان يەرگە دۇربۇن بىلەن قارىدىم. ئۇ يەردە يالىڭاچ توققۇز ياۋايى ئادەمنىڭ گۈلخاننى ئايلىنىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. گۈلخان ئەسىرلەرنىڭ گۆشىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن يېقىلغانىدى.

ئۇلارنىڭ ئىككى قېيىقى بولۇپ، قېيىقلارنى قىرغاققا چىقىرىپ قويۇپتۇ، ئۇلار دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى ساقلاۋاتسا كېرەك. كۆپ ئۆتمەي دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلۈپ، غەربكە ئېقىشقا باشلىدى. ئۇلارمۇ قېيىققا چىقىپ كېتىپ قالدى.

ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئىككى مىلتىق، ئىككى تاپانچا، بىر قىلىچنى ئېلىپ ئۇلار ئۇسسۇل ئوينىغان يەرگە باردىم.

بۇ نېمىدېگەن پاجىئەلىك مەنزىرە: ھەممە يەردە قان، سۆڭەك ۋە يەپ ئېشىپ قالغان ئادەم گۆشى كۆزگە چېلىقاتتى. بۇنداق قورقۇنچلۇق رەھىمسىزلىكنى كۆرۈپ غەزەپ ـ نەپرىتىمنى باسالماي قالدىم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ دېڭىزغا



قاراپ ياۋايى ئادامىلەرنىڭ ئۈچ قېيىقنى ھەيدەپ دېڭىز يۈزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ھېلىقى قورۇقلۇققا كېتىپ بارغانلىقىنى كۆردۈم.

5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كېچىسى بوران چىقىپ يامغۇر يېغىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ھېچنېمىنى كۆرەلمىگەن بولساممۇ، لېكىن مەن بىرىنچى قېتىم قورۇقلۇققا چىققان يەردىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ بىرەر كېمىنىڭ ئاپەتكە ئۇچراپ، مىلتىق ئېتىپ ياردەم سورىغان سىگنال ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

بۇ چاغدا مەن ئۇلارغا ياردەم بېرەلمىسەممۇ، ئۇلار ماڭا ياردەم قىلىشى مۇمكىن، دېگەننى ئويلاپ، ئەتراپتىن ئوتۇن تېرىپ كېلىپ دۆۋىلەپ تاغ ئۈستىگە ئوت ياقتىم. بۇ ئوت بىر كېچە كۆيدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ھاۋا ئېچىلغاندا شەرق تەرەپتىكى قىرغاق يېنىدا بىر نېمىنىڭ دېڭىز يۈزىگە چىقىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. كېيىن ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، بۇنىڭ دېڭىزدىكى يوشۇرۇن قىياغا سوقۇلۇپ پالاكەتكە ئۇچرىغان كېمە ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

كېمىدە بىرەر ـ ئىككى ھايات ئادەم بولسا يېنىمغا ئېلىپ كېلەرمەن دېگەننى ئويلاپ بىرمۇنچە پېچىنە، بىر



كوزا تاتلىق سۇ، بىر كومپاس ۋە بىر سېۋەت ئۈزۈمنى قې-
يىققا سېلىپ پالاكەتكە ئۇچرىغان كېمىنىڭ يېنىغا باردىم.

بۇ ئىسپانىيە كېمىسى ئىدى. يېقىن بارغاندا ئىتنىڭ
هاۋشىشىنى ئاڭلاپ، ئۇنى چاقىرغانىدىم. دېڭىزغا سەكرەپ
چۈشۈپ قېيىقنىڭ يېنىغا ئۈزۈپ كەلدى. ئۇنى قېيىققا چى-
قىرىۋېلىپ قارىسام، ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قاپتۇ. ئۇنىڭغا
بولكا تاشلاپ بەرگەنىدىم، ئاچ قالغان بۆرىدەك يالماپ يېيىش-
كە باشلىدى. كېمىنىڭ ئۈستىگە چىقتىم. كېمىدە سۇدا تۇن-
جۇقۇپ ئۆلگەن ئىككى ئادەمنىڭ جەسىتىنى كۆردۈم، باشقا
تىرىك نەرسە كۆرەلمىدىم. ماتروسلارنىڭ ئىككى ساندۇقىنى،
بەزى يېمەكلىكلەر ۋە ئۆيدە ئىشلىتىدىغان جابدۇقلارنى
ئېلىپ ئارالغا يېنىپ كەلدىم.

ئەكەلگەن نەرسىلىرىمنى قىرغاققا يېيىپ بىر -
بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقتىم. ساندۇقتا تىللا، ئۇنچە - مەرۋا-
يىتتىن باشقا نۇرغۇن يېمەكلىك، كىيىم - كېچەك، ئاياغ،
پايپاق قاتارلىق ئەسقاتىدىغان نەرسىلەر بار ئىكەن. نەچچە
كۈندىن كېيىن دېڭىز ياقىسىدا سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن بالى-
نىڭ جەسىتىنى كۆردۈم. ئۇ ماتروسلارنىڭ كۆڭلىكى، تىزى
ئوچۇق تۇرىدىغان تاناپ ئىشتان كىيگەنىكەن. يانچۇقىدا ئىس-
پانىيىنىڭ ئىككى تىللاسى ۋە ناھايىتى قىممەتلىك غاڭزا
بار ئىكەن.









# جۇمە

تەخمىنەن بىر يېرىم يىلدىن كېيىن بىر كۈنى تاڭ سەھەردە تۇيۇقسىز ئارالنىڭ بۇ تەرىپىدىكى دېڭىز قىرغىقىغا توختىتىپ قويۇلغان بەش دانە ئويما قېيىقنى ھەيرانلىق ئىچىدە كۆرۈپ قالدىم. قېيىقلاردا ئادەم يوق، ھەممىسى قىرغاققا چىقىپ بىر ياققا كېتىپتۇ. تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يەر بېغىرلاپ يېتىپ، دۇربۇن بىلەن قارىدىم. ئۇلار ئوتتۇز نەچچە ياۋايى بولۇپ، يېمەكلىك پىشۇرغاچ گۈلخاننىڭ چۆرىسىدە ئۇسسۇل ئويناۋېتىپتۇ.

ئۇلارنىڭ قېيىقتىن پالاكەت باسقان ئىككى ئەسىرنى سۆرەپ كەلگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ بىرىنى توقماق ياكى ياغاچ پىچاقتەك بىر نېمە بىلەن ئۇرۇپ يىقىتتى. ئىككى - ئۈچ ئادەم دەرھال ئۇنى پارچىلاپ پىشۇرۇشقا تەييارلاندى. يەنە بىر ئەسىر ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈشىنى ساقلاپ تۇ-





راتتى.

بۇ چاغدا بىچارە ئەسىر چىڭ باغلانمىغانلىقتىن ئارغامچىدىن بوشىنىپ قېچىپ، مېنىڭ قورغىنىم تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئۈچ ياۋايى قوغلىدى.

ئەسىر ناھايىتى تېز يۈگۈرەيتتى. ئېقىنىغا سەكرەپ ئۈزۈپ ئۆتۈپ قىرغاققا چىقىۋېلىپ، يەنىلا جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈردى. ئۇنى قوغلاپ كەلگەن ئۈچ ياۋايىنىڭ ئىككىسى ئېقىندىن ئۆتتى، يەنە بىرى سۇ ئۈزۈشنى بىلمىسە كېرەك كەينىگە بۇرۇلۇپ قايتىپ كەتتى.

بىردىنلا قېنىم قىزىپ، شوتىدىن چۈشۈپ ئىككى تال مىلتىقنى ئالدىم ـ دە، تاغ باغرىدىكى يېقىن يول بىلەن يۈگۈرۈپ، قاچقۇچى بىلەن قوغلىغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋېلىپ، قېچىپ كېتىۋاتقان ئادەمگە ۋارقىرىدىم. قولۇم بىلەن بېرى كەل، دېگەن ئىشارەتنى قىلدىم ھەمدە قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئالدىغا ماڭدىم. بىراقلا ئېتىلىپ بېرىپ بىرىنچىسىنى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتتىم. يەنە بىر ياۋايى مېنى كۆرۈپ ئىنتايىن ھەيران قېلىپ توختاپ قالدى.





مەن ئۇنىڭغا ئاستا يېقىنلىشىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئوقياسىنى بەتلەپ ماڭا ئاتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. شۇڭا ئالدى بىلەن ئۆزۈم ئوق ئېتىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇ بىر پاي ئوقتا يىقىلدى.

ھېلىقى قېچىپ كېتىۋاتقان ياۋايى ئۆزىنىڭ دۈشمەنلەرىنى مۇنداق ئۆلتۈرگەنلىكىمنى كۆرۈپ، قورقۇپ كېتىپ مىدىر قىلماي تۇرۇپ قالدى. ئۇ يەنە قاچماقچى بولغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇنى ئۈنلۈك ئاۋازدا چاقىردىم ھەم بېرى كەل، دەپ ئىشارەت قىلدىم. ئۇ غالىلداپ تىترەپ، دەرھال يېنىمغا كېلىشكە پېتىنالمىدى. مەن تۇرلۇك ئىشارەتلەرنى قىلىپ ياخشى نىيىتىمنى بىلدۈرۈپ، يېقىن كېلىشكە رىغبەتلەندۈردۈم.

ئۇ ھەر ئون نەچچە قەدەمدە بىر يۈكۈنۈپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. ئالدىمغا كەلگەندە يەنە يۈكۈنۈپ يەرنى سۆيدى ھەم بېشىنى يەرگە يېقىپ تۇرۇپ بىر پۇتۇمنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنىڭ بېشىغا ئېلىپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆمۈرۋايەت ماڭا قۇل بولۇشقا قەسەمياد قىلغىنى بولسا كېرەك.



شۇ چاغدا مەن بايا ئۇرۇپ يىقىتىۋەتكەن ياۋايىنىڭ تەد-







رىجىي ھوشىغا كېلىپ ئۆلتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. مىلتىقنى ئۇنىڭغا بەتلەپ ئاتماقچى بولۇۋاتقىنىمدا ياۋايى دوستۇم (مەن ھازىر ئۇنى شۇنداق ئاتايمەن) ئىما ـ ئىشارەتلەر بىلەن بېلىمدىكى قىلىچىمنى سورىدى. قىلىچنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئۇ قىلىچنى ئېلىپلا دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلدى ۋە ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئۇنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.

ئۇ دۈشمىنىنىڭ كاللىسىنى ئالغاندىن كېيىن غالىب- يەت كۈلكىسى بىلەن ئالدىمغا كېلىپ، قىلىچنى ماڭا بەردى، ھېلىقى ياۋايىنىڭ بېشىنى ئايىغىمنىڭ تۈۋ- گە قويدى.

ئۇ مېنىڭ رۇخسىتىمنى ئېلىپ ئىككى جەسەتنى كۆ- مۈۋەتتى. ئۆلۈكنىڭ ئوقياسىنى ئېلىپ ئالدىمغا كەلدى. ئۇ- نىڭغا كەينىمدىن مېڭىش توغرىسىدا ئىشارەت قىلدىم. ئۇنى قورغىنىمغا ئېلىپ بارماي، ئۆڭكۈرۈمگە ئېلىپ بېرىپ بولكا ۋە سۇ بەردىم. ئۇنى يېتىپ ئۇخلاشقا ئىشارەت قىلدىم. ئۇ يېتىپلا ئۇخلاپ كەتتى.



ئۇ خۇشپىچىم، بەقۇۋۋەت، 26 ياشلارغا كىرىپ قالغان



كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، چىرايىدىن بىر خىل مېھرىبانلىق ۋە مۇلايىملىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چاچلىرى قارا، بۇدرە، تېرىسى زەيتۇن رەڭ، كۆزلىرى نۇرلۇق ئىدى.

ئۇ ئويغانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىدىم. ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئىسمىنىڭ «جۇمە» بولۇشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردۈم. چۈنكى شۇ كۈنى جۇمە بولۇپ، ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغان كۈنۈم ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭغا «خوجايىن» دېيىشنى ئۆگەتتىم. ئۇنىڭغا يەنە «خوپ» ۋە «يوقسۇ» دېگەن سۆزلەرنى ئۆگىتىپ، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈردۈم.

ئەتىسى ئۇ قىلىچ، ئوقيانى ئالدى، بىر تال مىلتىقىمنى كۆتۈرۈۋالدى. ئۆزۈممۇ ئىككى تال مىلتىقنى ئېلىپ، ياۋايىلار ئوت ياققان يەرگە باردۇق.

پاجىئەلىك مەنزىرىنى يەنە كۆردۈم: ھەممە يەر ئادەمنىڭ سۆڭەك ۋە گۆشلىرى بىلەن تولغان. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ جۇمەدە باشقىچە ئۆزگىرىش كۆرۈلمىدى. ئۇ ماڭا قول ئىشارىتى قىلدى.

ئۇنىڭ قول ئىشارىتىدىن بىلدىمكى، ئۇلار بۇ يەرگە







تۆت ئەسىرنى ئېلىپ كېلىپ بەزما قىلغان، ئۈچىنى يەپ كەتكەن، ئۇلار جۇمەلەرنىڭ يېڭى پادىشاھى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلىپ، يېڭى پادىشاھنىڭ نۇرغۇن پۇقرالىرىنى ئەسىرگە چۈشۈرگەن. جۇمە شۇلارنىڭ بىرسى ئىكەن.







# ئۇستا ماتروس

قورغانغا قايتقاندىن كېيىن جومەنى ياساندۇردۇم. بۇزۇلغان كېمىدىن ئېلىنغان ماتروسلارنىڭ ساندۇقىدىن كاناپ ئىشتان تېپىپ، سەل ئۆزگەرتىپ ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويدۇم. ئاندىن ئۇنىڭغا تېرە جىلىتكە كىيگۈزدۇم. توشقان تېرىسىدىن بۆك قىلىپ بەردىم. جومە بۇنىڭغا بەك خۇش بولدى. ماڭا دادىسىغا سادىقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى.

جومە ناھايىتى ئەقىللىق بولۇپ، ئۆگەتكەن گەپلىرىمنى ناھايىتى تېزلا ئۆگىنىۋالاتتى. ئۇنى ئورمانلىققا ئوۋ ئوۋلاشقا بىللە ئېلىپ بېرىپ، ئۆچكە ۋە قۇشلارنى ئېتىۋالساق ئۇ كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كېلەتتى، مەن ئۇنىڭغا پىشۇرۇپ بېرەتتىم. كېيىن ئۇنىڭغا دان ئايرىش، ئۇن تاسقاش، بولكا پىشۇرۇشنى ئۆگەتتىم. جومە بۇ ئىشلارنىمۇ ئۆگىنىۋالدى



ھەم ئاستا ـ ئاستا ناھايىتى ئوبدان قىلالايدىغان بولدى.

ھازىر جۇمە ئىنگلىزچە نۇرغۇن گەپلەرنى قىلالايدىغان بولدى. سوئاللىرىمنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بېرەلەيتتى. ئۇنىڭدىن: « سىلەرنىڭ قەبىلە نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشتا غەلىبە قىلالمايدۇ» دەپ سورىدىم. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ «شۇنداق، شۇنداق، بىز ھەمىشە ناھايىتى ئوبدان جەڭ قىلدۇق» دېدى. لېكىن ھەمىشە ناھايىتى ئوبدان جەڭ قىلغان بولسا، جۇمە نېمە ئۈچۈن دۈشمەنگە ئەسىر چۈشۈپ قالىدۇ؟ جۇمە بۇنى ئۆزلىرى تۇرغان يەردە دۈشمەننىڭ ئۇلاردىن كۆپ بولغانلىقىدىن، دېدى.

ئۇنىڭدىن «سىلەرنىڭكىلەر نېمىشقا سىلەرنى دۈشمەننىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالمىدى؟» دەپ سورىدىم.

جۇمە: «بىرنى، ئىككىنى، ئۈچنى ۋە مېنى تۇتۇۋالدى. ئۇلار بىزنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن قېيىققا سېلىپ ئېلىپ قاچتى. لېكىن ئۇ چاغدا بىزنىڭكىلەردە قېيىق يوق ئىدى. باشقا جايلاردا بىز ھەمىشە ئۇلارنىڭ ئادىمىنى ئەسىرگە ئالاتتۇق. بىر ـ ئىككى ئادىمىنى، نۇرغۇن ئادەملىرىنى» دېدى.

كۆڭۈل قويۇپ سورىدىم: «ئەسىرگە ئالغان شۇنچە كۆپ ئادەمنى نېمە قىلىسىلەر؟ سىلەرمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئەسىرلەرنى باشقا يەرگە ئاپىرىپ يەمسىلەر؟»





جۇمە ئېنىق جاۋاب بەردى: «شۇنداق، مەنمۇ ئادەم گۆشى يەيمەن. ئۇلارنى بىرلىكتە يەۋېتىمىز. مەنمۇ بۇ يەرگە كەلگەن، باشقا جايلارغىمۇ بارغان».

شۇ چاغدا مالىيىم جۇمەنىڭمۇ ئادەم گۆشى يەيدىغان ياۋايى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭمۇ بۇرۇن مۇشۇ ئارالغا كېلىپ ئادەم گۆشى يېگەنلىكىنى بىلدىم.

بىر كۈنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇرۇن ئادەم گۆشى يېگەن يەرگە باردۇق. ئۇ يەردە ئۇ ماڭا بىر قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ 20 ئەر كىشىنى، ئىككى خوتۇن كىشىنى، بىر بالىنى يېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. 20 دېگەن ئاتالغۇنى سۆزلەشنى بىلمەي، تاشنى تىزىپ بۇ ساننى بىلدۈردى.

ئۇنىڭدىن بۇ يەرنىڭ چوڭ قورۇقلۇقتىن قانچىلىك يىراق ئىكەنلىكىنى، قېيىق بىلەن ماڭسا خېيىمخەتەر بار ـ يوقلۇقىنى سورىدىم. تېز ئېقىم پەيدا بولغان ۋە بوران چىققان ۋاقىتتىن باشقا چاغلاردا ھېچقانداق خېيىمخەتەرنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتتى.

كېيىن جۇمە مەن بىلەن ئىنتايىن يېقىنلىشىپ كەتتى. ھەممە گېپىمنى بىلەلەيدىغان بولدى. بۇ ئارالغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى، بۇ يەردە قانداق ياشىغانلىقىمنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇنىڭغا مىلتىق ئېتىشنى ئۆگەتتىم.



يەنە بىر خەنجەر، بىر كەمەر، بىر دانە كىچىك پالتا بەردىم.

ئاشۇ چوڭ قورۇقلۇقتا بىرىپ كۆرۈپ بېقىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇنىڭغا چوڭراق قېيىق ياسايدىغانلىقىمىزنى ئېيتتىم. جۇمە مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ، يوغان بىر تۈپ دەرەخ تاپتى. نەچچە ئاي ۋاقىت سەرەپ قىلىپ چوڭ قېيىقنى پۈتكۈزدۇق. يەنە 14 كۈن سەرپ قىلىپ، قېيىقنىڭ تەكتىگە ياغاچلارنى قويۇپ ئاز ـ ئازدىن ئىتتىرىپ سۇغا ئاپاردۇق.

جۇمەگە قېيىق ھەيدەشنى ئۆگەتتىم. چۈنكى جۇمە قېيىق ھەيدەشنى بىلسىمۇ، يەلكەنلىك قېيىق ھەيدەشنى بىلمەيتتى. كۆپ قېتىم ئۆگىتىش ۋە مەشىق قىلدۇرۇشۇم ئارقىسىدا جۇمە ئۇستا ماتروس بولۇپ قالدى.





# ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇۋېلىش

بۇ ئارالدا مەھبۇستەك ياشاۋاتقىنىمغا 27 يىل بولدى. يېقىنقى ئۈچ يىلدا يېنىمدا جۇمە بولغاچقا، بۇرۇنقىدىن كۆپ خاتىرجەم بولۇپ قالدىم.

قۇرغاقچىلىق پەسلى يېتىپ كەلگەندە دېڭىز سەپىرىگە تەييارلىنىشقا باشلىدىم. لېكىن بىر كۈنى ئەتىگەندە جۇمە دېڭىز ياقىسىغا بېلىق تۇتقىلى كېتىپ، بىردەمدىلا ئۇچقان-دەك يۈگۈرگىنىچە قايتىپ كېلىپ، بىر سەكرەپلا سىرتقى قاشادىن ئارتىلىپ چۈشتى.

— خوجايىن، خوجايىن، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — چاتاق بولدى، يامان بولدى.

— نېمە بولدى، جۇمە، — دەپ سورىدىم.

— ئا تەرەپكە بىر، ئىككى، ئۈچ قېيىق كەپتۇ، — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ.





— جۇمە، قورقما، — دېدىم.

بۇ چاغدا ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشقا تەييارلاندىم.

— لېكىن ئۇلارنىڭ ئادىمى كۆپ، — دېدى جۇمە.

— كېرەك يوق، — دېدىم مەن، — بىزدە مىلتىق بار.

جۇمەگە بۇيرۇقۇمغا چوقۇم ئەمەل قىلىشنى جېكىلىدىم.

— ئۆل دېسىڭىزمۇ ماقۇل دەيمەن خوجايىن، — دېدى جۇمە.

شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىككى تال ئوۋ مىلتىقىنى ئوقلاپ بەردىم. ئۆزۈم تۆت تال مىلتىق، ئىككى تاپانچا، بىر قىلىچنى ئالدىم، بىر كىچىك پالتىنى جۇمەگە بەردىم.

تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ دۇربۇن بىلەن قاراپ 21 ياۋايى، ئۈچ ئەسىر ۋە ئۈچ قېيىقنى كۆردۈم. ئۇلار بۇ ئۈچ ئەسىرنىڭ گۆشىنى يېگىلى كەلگەنىدى. بۇنداق رەھىمسىز ھەرىكەتتىن غەزىپىمنى باسالماي قالدىم. ئالدىراش پەسكە چۈشۈپ جۇمەنىڭ قېشىغا كەلدىم ـ دە، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭ ماڭا ياردەم قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتىم. ئۇ: «ئۆل دېسىڭىزمۇ ماقۇل دەيمەن» دەپ ئىپادە





بىلدۇردى.

ھەممە قورالالارنى قايتىدىن تەقسىم قىلدىم. جۇمەگە بىر تاپانچا بېرىپ بىلىگە قىستۇرۇپ قويدۇم. ئۈچ تال مىلتىقنى ئالدىم. بۇنىڭدىن باشقا، جۇمەگە بىر خالتا مىلتىق دورىسىنى ۋە ئوقلارنى كۆتۈرگۈزدۇم.

ئورمان ئىچىگە كىردۇق. جۇمە كەينىمدىن كېلىۋاتاتتى. ئورمانلىقنىڭ چېتىگە ــ ئۇلارغا يېقىن يەرگە باردۇق. ئۇلار گۆلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ بىر ئەسىرنىڭ گۆشىنى يەۋاتاتتى. سەل نېرىراقتىكى قۇمنىڭ ئۈستىدە پۇت ـ قوللىرى باغلانغان يەنە بىر ئەسىر ياتاتتى. ئۇ ساقاللىق ئاق تەنلىك ئىدى. بۇ چاغدا غەزىپىم ئۆرلەپ چېكىگە يەتتى. ئوق ئېتىشقا ئەپلىك ئېگىز يەرنى تاللىدىم.

ئىككى ياۋايى قۇملۇققا بېرىپ ئەسىرنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى يېشىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقاندا، جۇمە بىلەن ئىككىمىز بۇ ياۋايىلارنى نىشانغا ئالدۇق، مەن بۇيرۇق چۈشۈردۈم، ئىككىمىز تەڭ ئوق چىقاردۇق.

جۇمە ماڭا قارىغاندا مەرگەن چىقتى، ئۇ ئىككىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۈچىنى يارىدار قىلدى؛ مەن بىرنى ئۆلتۈرۈپ، ئىك-





كىنى يارىدار قىلدىم. ئامان قالغانلىرى قورقىنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئالاقزادە بولۇپ قېچىشقا باشلىدى. قولۇمدىكى قىسقا مىلتىقنى قويۇپ، ئوۋ مىلتىقىنى ئالدىم. جۇمەمۇ شۇنداق قىلدى.

بۇ قېتىم مىلتىقلىرىمىزغا بېسىلغىنى چاچما ئوق بولغاچقا ئىككىسى ئۆلدى، لېكىن كۆپى يارىدار بولدى. ئۇلار ھەممىسى قانغا مىلەنگەن، شۇنداقلا كۆپ ساندىكىسى ئېغىر يارىلانغانىدى، ئۈچى ئۆلمىگەن بولسىمۇ يەرگە يىقىلغانىدى.

— جۇمە، — دېدىم ئوۋ مىلتىقىنى قويۇپ، ئوقلانغان قىسقا مىلتىقنى قولۇمغا ئېلىپ، — كەينىمدىن ماڭ.

جۇمە بۇيرۇقۇمغا باتۇرلۇق بىلەن بويسۇندى. بىز ئورمانلىقتىن ئېتىلىپ چىقىپ دېڭىز ياقىسىغا يۈگۈردۇق.

بايا ئەسىرنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتقان ئىككى قانخور يۈگۈرۈپ بېرىپ قېيىققا چىقىۋالدى. گۈلخان ئەتراپىدىكىلەردىن ئۈچەيلەنمۇ قېچىپ بېرىپ قېيىققا چىقتى.

جۇمەگە ئۇلارنى قوغلاش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردىم. جۇمە يۈگۈرۈپ بېرىپ نەچچە ئوق ئېتىپ ئىككىسىنى ئۆلتۈردى، بىرسى ئېغىر يارىدار بولۇپ قېيىققا يىقىلدى. بۇ





چاغدا مەن ئەسىرنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، قول - پۇتى باغلانغان ئارغامچىنى خەنجىرىم بىلەن كېسىۋېتىپ، ئۇنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزدۇم. ئۇنىڭ قايسى دۆلەتتىن ئىكەنلى-كىنى سورىغاندىم، ئىسپانىيىدىن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. يانچۇقۇمدىن كىچىك مەي شىشىسىنى چىقىرىپ ئىچىشكە ئىشارەت قىلدىم، يېيىشكە بولكا بەردىم.

ئاندىن ئۇنىڭغا تاپانچا ۋە قىلىچ بەردىم. ئۇ دەرھال روھ-لىنىپ دۈشمەنلىرىگە ساراڭدەك ئېتىلىپ ئىككىنى ئۆلتۈر-دى. ئاخىر بىر ياۋايى بىلەن تۇتىشىپ قالدى. ياۋايى ئۇنىڭ قولىدىكى قىلىچنى تارتىۋالغانىدى، ئۇ ياۋايىنى تاپانچىسى بىلەن ئېتىۋەتتى. نەتىجىدە 21 ياۋايىدىن تۆتى قېچىپ كېتە-



لىدى. ئۇلار ئۆزۈپ بېرىپ قېيىققا چىقمۇېلىپ جېنىنىڭ با-
رىچە قاچتى. جۇمە مەندىن ئۇلارنىڭ يەنە بىر قېيىقنى
ھەيدەپ قوغلاشنى تەلەپ قىلدى، ماقۇل بولدۇم.

قېيىققا چىقىشىمغا ئۇيلىمىغان يەردە پۇت - قولى باغ-
لىنىپ ياتقۇزۇپ قويۇلغان يەنە بىر ئەسىرنى كۆرۈپ قالدىم.
مەن دەرھال ئارغامچىنى كېسىۋەتتىم. جۇمەنى ئۇنىڭ بىلەن
سۆزلىشىشكە چاقىردىم. لېكىن جۇمە ئۇنىڭ گېپىنى
ئاڭلاپ، چىرايىغا زەن سېلىپ قارىغاندىن كېيىن ئۇنى قۇ-
چاقلاپ سۆيۈپ كەتتى، ئۇن سېلىپ يىغلىدى. ئاندىن سەۋدا-
يىدەك ئۇسسۇل ئويناپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن بۇ ئۆزى-
نىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بەردى.

بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن قېيىقتىكى ياۋايىلارنى
قوغلاپ يوقىتىش ئىشىمىز توختاپ قالدى. ئەمەلىيەتتە
ئۇلارنى قوغلىمىغانلىقىمىز بىزنىڭ تەلىيىمىز بولۇپ
چىقتى. چۈنكى ئاردىن ئىككى سائەت ئۆتكەندە قاتتىق بوران
چىقتى. دېڭىزدا بولغان بولساق قېيىقىمىز كۆمتۈرۈلۈپ
كەتكەن بولاتتى.

بۇ كۈنى ئىسپاننى ۋە جۇمەنىڭ دادىسىنى ئاددىي





زەمبىل ياساپ كۆتۈرۈپ قورغانغا ئېلىپ ماڭدۇق. ئۇلار شوتىغا چىقالمايدىغان بولغاچقا، قورغان تېمىنىڭ سىرتىدا كەپە ياساپ، ئۇلارغا ۋاقىتلىق تۇرىدىغان جاي قىلىپ بەردۇق.







# چوڭ كېمىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىش

مانا ئەمدى مېنىڭ ئارىلىمدا ئاھالە بار بولدى. ئۆزۈم پۈتكۈل ئارالغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پادىشاھ بولۇپ قالدىم. پۈتۈن ئارال مېنىڭ زېمىنىم ئىدى، ئارالدىكى ئاھالە ماڭا مۇتلەق بويسۇنىدۇ. مەن بىردىنبىر خوجايىن ۋە قانۇن تۈزگۈچى ئىدىم.

ئىسپانىنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن بىلدىمكى، ئۇ ھېلىقى چۆكۈپ كەتكەن كېمىنىڭ ماتروسى ئىكەن. ئۇلار كېمىدىن قۇتۇلۇپ چىققانلار بولۇپ، باشقىلار چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ياۋايىلار بىلەن بىللە ياشاۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جۇمەنىڭ دادىسى بىلەن ئىسپاننى قېيىق بىلەن ئۇدۇل قىرغاقتىكى چوڭ قۇرۇقلۇققا ئەۋەتىشنى قارار قىلدىم. يېمەكلىكنى يېتەرلىك تەييارلىۋالغاندىن كېيىن ئۇلار يولغا چىقتى.







مەن ئۇلارنى ساقلاۋاتقىلى سەككىز كۈن بولدى. توققۇ-زىنچى كۈنى جۈمە تۇيۇقسىز:

— خوجايىن، خوجايىن ئۇلار كەلدى، ئۇلار كەلدى! — دەپ ۋارقىرىغىنىچە كىرىپ كەلدى.

كىچىك ئورماننى كېسىپ ئۆتۈپ دېڭىزغا نەزەر تاشلاپ، بىر يېرىم چاقىرىم يىراقلىقتا ئۈچ بۇرجەكلىك يەلكەن ئورنىتىلغان قولۋاقنىڭ بىزنىڭ مۇشۇ ئارالغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. دۇربۇننى ئېلىپ ئىنچىكە كۆزەت-تىم. كىچىك تاغنىڭ شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىدىكى بىزدىن ئىككى يېرىم چاقىرىم يىراقلىقتا بىر چوڭ كېمىنىڭ توخ-تىتىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۈم. مەن ئۇنىڭ ئەنگلىيە كېمى-سى ئىكەنلىكىگە، ھېلىقى قولۋاقنىڭ ئەنگلىيىدە ئىشلەن-گەن ئۇزۇنچاق قولۋاق ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلدىم.

قولۋاق قىرغاققا يېقىنلىشىپ، ئاخىر قۇمغا تىرىلىپ توختىدى. قولۋاقتىكىلەر قىرغاققا چىقتى. ئۇلار جەمئىي 11 ئادەم بولۇپ، ئارىسىدا ئۈچ ئادەم باغلاپ قويۇلغان ئەسىردەك قىلاتتى. بۇ ئۈچەيلەننىڭ بىرى يالۋۇرغان قىياپەتتە ھەرىكەت قىلىپ، قويۇپ بېرىشنى ئۆتۈنەتتى. بۇنداق ۋەھشىي مەنزىرى-نى كۆرۈپ بەدىنىمگە تىترەك ئولاشتى. كېيىن ماتروسقا





ئوخشاپ كېتىدىغان بىرسى ھېلىقى يالغۇزغان ئادەمنى قىلىچ بىلەن چىپىپ يىقىتىۋېتىدىغاندەك ھەرىكەتنى قىلدى.

بۇ ماتروس سىياقىدىكى كىشىلەر ھېلىقى ئۈچ كىشى-گە بىرمۇنچە ئازاب سالغاندىن كېيىن بۇ ئارالنىڭ مەنزىرى-سىنى كۆرۈپ باقماقچى بولغاندەك ئەتراپقا تارقىلىپ كەتتى. ھېلىقى ئۈچ كىشى ئېغىر غەم ـ قايغۇ ۋە ئۈمىدسىزلىككە چۆمگەن بىر خىل كۆرۈنۈشتە ئولتۇراتتى.

بۇ چاغدا ھېلىقى باندىتلار بىلەن جەڭ قىلىشقا تەييار-لاندىم. ئۆزۈم ئىككى تال ئوۋ مىلتىقىنى ئېلىپ، جۇمەگە ئۈچ تال قىسقا مىلتىق بەردىم. بېلىمگە ئىككى تاپانچا قىس-تۇردۇم، قىلىچ ئاستىم، ئىككى مۇرەمگە بىردىن قىسقا مىلتىق ئاستىم.

مەن ئىمكانقەدەر تىۋۋىش چىقارماستىن، ھېلىقى باغلاپ قويۇلغان ئۈچ ئەسىرنىڭ يېنىغا باردىم ـ دە، ئۇلارغا ئىسپان تىلىدا گەپ قىلدىم:

ــ سىلەر نېمە ئادەم بولىسىلەر؟

ئۇلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى ھەم مېنىڭ غە-لىتە ئەلپازىمنى كۆرۈپ تېخىمۇ قورقۇپ، قاچماقچى بولدى. ئۇلارغا ئىنگلىزچە سۆزلىدىم:







— مەندىن قورقماڭلار، سىلەرگە ياردىمىم تېگىپ قېلىشى مۇمكىن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن ھاياجانلانغان تەلەپپۇزدا سۆز قىلىپ، ئۆزى ئاۋۇ چوڭ كېمىنىڭ كاپىتانى ئىكەنلىكىنى، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ، ئۇلارنى مۇشۇ تاقىر ئارالغا تاشلىۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى، قالغان ئىككىيلەندىن بىرسىنىڭ باش ياردەمچى، يەنە بىرسىنىڭ يولۇچى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— بۇ مۇناپىقلار ھازىر نەگە كەتتى؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۇلار ئاۋۇ دەرەخزارلىقتا ئۇخلاۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۇلاردا مىلتىق بارمۇ؟

— ئۇلاردا ئىككى تال مىلتىق بار، ئۇنىڭ بىر تېلى قولۋاقتا قالدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدىم مەن، — خاتىرجەم بولۇڭلار، سىلەرنى قۇتقۇزۇشقا تەۋەككۇل قىلىمەن. لېكىن مېنىڭ ئىككى شەرتىمگە ئۇنامسىلەركىن؟

كاپىتان نۇرغۇن مىننەتدارلىق سۆزلىرىنى ئېيتتى،





ھەرقانداق شەرتكە ئۇنايدىغانلىقىنى، ماڭا مۇتلەق بويسۇنىد-
غانلىقىنى ئېيتتى.

مېنىڭ ئىككى شەرتىم شۇكى: بىرىنچىدىن، سىلەرگە مىلتىق بەرسەم ماڭا ھۇجۇم قىلمايسىلەر. ئىككىنچىدىن، چوڭ كېمىگە قايتقاندا مەن بىلەن جۇمەنى يۇرتۇمغا ھەقسىز ئاپىرىپ قويىسىلەر. دېگەنلىرىمگە كاپىتان تولۇق ماقۇل بولدى.

ئۇلارنى باغلىغان ئارغامچىلارنى كېسىۋېتىپ، مىلتىق بەردىم. كېيىن دەرەخلىك ئىچىدە ئۇخلاۋاتقان بۇزۇقلارنى بىر - بىرلەپ تىرىك تۇتتۇق. ئۇلار چوڭ كېمىنى قايتۇرۇۋې-
لىشقا كۈچ چىقىرىش توغرىسىدا قەسەم بەردى. لېكىن ئۇلارغا دەرھال تولۇق ئىشىنىپ كەتمىدىم. كاپىتان ئەپۇ قى-
لىشقا بولمايدۇ، دەپ قارىغان ھېلىقى ئىككى بۇزۇقنى ئۆڭ-
كۈرگە قاماپ قويۇپ، كاپىتان ئىشىنىدىغان ئىككى ماتروس-
تىن باشقىلارنىڭ پۇت - قوللىرىنى چىڭ باغلىۋەتتىم.

بۇنىڭدىن باشقا، جۇمە بىلەن كاپىتاننىڭ باش ياردەمچى-
سىگە قولۋاقتا بېرىپ قولۋاقتىكى پالاق، يەلكەن ۋە باشقا نەر-
سىلەرنى ئېلىۋېتىپ، قولۋاقنى مىدىرلىيالماس قىلىپ قو-
يۇشنى تاپشۇردۇم.







شۇ كۈنى كېچىسى قورغىنىمدا كاپىتاننى ۋە يەنە ئىككىيلەننى ئۆزۈم تەييارلىغان يېمەكلىكلەر بىلەن مېھمان قىلدىم. ئۇلار مېنىڭ تاقىر ئارالدا تېنەپ يۈرگەنلىكىم توغرىسىدىكى ھېكايىنى ھەيرانلىق ئىچىدە ئاڭلىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىمدىن مىننەتدار بولۇپ ياش تۆكتى. ئاخىرىدا، بۇزۇقلارنىڭ چاڭگىلىدىكى چوڭ كېمىنى قانداق قىلىپ قولىمىزغا ئېلىش ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشتۇق.

كاپىتان تەكلىپىمگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. لېكىن ئۇ كېمىدە 26 بۇزۇق بار، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش تەس بولارمىكىن، دېدى. ئۇنىڭ گېپىنى ئورۇنلۇق ھېس قىلدىم. ئۇلار ھەمراھلىرىنىڭ قولۋىقى قايتىپ كەلمىگەنلىكىگە قاراپ، چوقۇم يېتەرلىك ئوق ـ دورا تەييارلاپ قويىدۇ. ئاندىن يەنە بىر قولۋاق بىلەن ئىزدەپ كېلىدۇ، دەپ ئويلىدىم. بىرىنچى قولۋاقنى ئۆڭكۈرگە تىقىپ قويۇشنى، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ كەتمەسلىكىنى قارار قىلدىم. ئىشلىرىمىز تۈگەپ تۇرۇشىغا چوڭ كېمىدىن زەمبىرەك ئېتىلدى. قولۋاقنىڭ قايتىپ كېلىشىگە بەلگە بېرىپ بايراق پۇلاڭلاتتى.





كەينىدىن يەنە نەچچە قېتىم زەمبىرەك ئېتىلدى. ئاخىر يەنە بىر قولۋاق كېلىشكە باشلىدى.

بىز بىر چەتكە يوشۇرۇنۇپ، دىققەت بىلەن قاراپ تۇردۇق. قولۋاقتا ھەممىسى بولۇپ ئون ئادەم بار ئىدى. كاپىتان ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇچەيلەننىڭ ياخشى ئادەملەر بولۇپ، تەھدىت ئاستىدا بۇزۇقلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى، ماتروسلار باشلىقى بىلەن قالغان ماتروسلارنىڭ ھەممىسى بۇ قېتىمقى ئاسىيلىقنىڭ مۇھىم ئەزالىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

بىز يەتتە ئادەم: مەن، كاپىتان، جۇمە، باش ياردەمچى، يەنە ئىككى مەھبۇس تولۇق قوراللاندۇق. ئۇلار قولۋاقنى قىرغاققا توختىتىپ، ئۇنى ساقلاشقا ئۇچ ئادەم قالدۇرۇپ، يەتتىسى قىرغاققا چىقىۋاتقاندا، كاللامغا ئۇلارنى يۈگۈرتۈپ ھالسىزلاندۇرۇش خىيالى كەلدى.

جۇمە بىلەن باش ياردەمچىنى ئېقىن بويلاپ غەربكە مېڭىپ، بىز تۇرغان قىرغاقتىن يېرىم چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە بارغاندا قاتتىق ۋارقىراشقا بۇيرۇدۇم. ئۇلار ئاۋازنى ئاڭلىسا، چوقۇم جاۋاب قايتۇرىدۇ؛ ماتروسلارنىڭ ئاۋازنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە ۋارقىراش، ۋارقىراپ تۇرۇپ مېڭىش،



ئۇلارغا كۆرۈنمەي، ئۇلارنى ئىچكىرىگە ئالداپ كىرىش كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىللە مەن قالغان ئادەملەرنى باشلاپ قولۋاق توختىتىلغان يەرگە چىغىر يول بىلەن باردىم. قولۋاق ساقلاۋاتقانلارنىڭ بىرى قىرغاقتا، ئىككىسى قولۋاقتا ئىدى. بىز شەپە چىقارماي يېقىن بېرىپ، قىرغاقتىكىنى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرۇپ يىقىتتۇق، قولۋاقتىكىلەرنى دەرھال تەسلىم بولۇشقا چاقىردۇق. قولۋاقتىكىلەر كاپىتان سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى ياخشى ئادەملەر بولسا كېرەك، قارشىلىق قىلمايلا تەسلىم بولدى.





نەچچە سائەتتىن كېيىن قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. ھېلى‑
قى بۇزۇقلار ئىنتايىن چارچىغانىدى. قولۋاق يېنىغا قورۇق
قول قايتىپ كېلىپ، قولۋاقتا ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ
قاتتىق چۆچۈپ تەرەپ ـ تەرەپكە چاپتى. جۇمە بىلەن باش يار‑
دەمچى يېنىمغا كېلىۋالغانىدى. جۇمە بىلەن كاپىتاننى ئۆمە‑
لەپ مېڭىشقا بۇيرۇدۇم. دەل شۇ چاغدا ماتروسلار باشلىقى ــ
بۇ قېتىمقى ئىسياننىڭ باشلىقى ئىككى ھەمراھى بىلەن كې‑
لىۋاتاتتى. كاپىتان بىلەن جۇمە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئې‑
تىلىپ بارغىنىچە ئۇلارغا ئوق ئۈزدى. ماتروسلار باشلىقى
بىلەن بىرسىگە ئوق تېگىپ ئۆلدى. يەنە بىرى قېچىپ
كەتتى.

ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ بىزمۇ دەرھال يۈگۈردۇق. قاراڭغۇ
بولغاچقا قانچىلىك ئادىمىمىز بارلىقىنى ئۇلار بىلمەيتتى.
مەن تۇتۇۋالغان ماتروستىن بىرسىگە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى چا‑
قىرىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلىشىشنى بۇيرۇدۇم.

ئۇ ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلىدى:

ــ توم سىمىت! توم سىمىت!

ــ سەن رويمۇ، ــ دېدى توم سىمىت ئۇنىڭ ئاۋازىنى
تونۇپ دەرھاللا.







— ھە، مەن شۇ، — دېدى روي قاتتىق ئاۋازدا، — توم سىمىت دەرھال قورالنى تاشلاپ تەسلىم بول، بولمىسا جېنىڭدىن ئايرىلىسەن!

— كىمگە تەسلىم بولىمىز؟ ئۇلار نەدە؟

— ئۇلار مۇشۇ يەردە، بىزنىڭ كاپىتانىمىز مۇشۇ يەردە، ئۇنىڭ يېنىدا 50 ئادەمى بار. ماتروسلار باشلىقىمۇ ئۆلتۈرۈلدى. ئەگەر تەسلىم بولمىساڭلار، سىلەرمۇ تۈگىشىسىلەر!

— ئۇلار بىزنى كەچۈرۈم قىلامدۇ؟ كەچۈرۈم قىلسا تەسلىم بولۇشنى خالايمىز، — دېدى توم سىمىت.

ئۇلار ئاخىر قوراللىرىنى تاشلاپ، بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشىمىزنى تىلىدى. مەن ئۈچ ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى باغلاتقۇزۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قولۋقىغا چىقىرىپ قويدۇم. كاپىتان ئۇلارنى قايىل قىلىشقا كەتتى.

مېنىڭ قىلىدىغان ئىككىنچى ئىشىم بىرىنچى قولۋاقنى رېمونت قىلىپ، چوڭ كېمىگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىش ئىدى.









# قۇتقۇزۇۋېلىنىش

قۇتقۇزۇۋېلىنىدىغان پۇرسىتىم ئاخىر يېتىپ كەلدى.

ئەتىسى سەھەردە كاپىتاننى ئەسىرلەر بىلەن سۆھبەتلە-شىپ، ئۇلار بىلەن بىللە چوڭ كېمىگە ھۇجۇم قىلىشقا بو-لىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىشقا ئەۋەتتىم.

كەچۇرۇم قىلساقلا ئەسىرلەر ھەرقانداق شەرتنى قوبۇل قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇلار ھەتتا ئىنتايىن ئازابلانغان ھالدا قەسەم بېرىپ، ئۆلسىمۇ كاپىتانغا سادىق بو-لىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

لېكىن ئۇلارنىڭ قەسىمىگە ئىشىنىپ كېتەلمەيتتىم. ئېھتىيات يۈزىسىدىن، كاپىتان ئىشىنىشكە بولىدۇ، دەپ قا-رىغان بەش ئادەمنى قويۇپ بەردىم. بۇنىڭدىن باشقا ئىككى ئادەم بىلەن ئۆڭكۈردىكى ئۈچ ئادەمنى رەنىگە تۇتۇپ قالدىم.

ئادىمىمىزنى تۆت گۇرۇپپا قىلىپ ئورۇنلاشتۇردۇم: كا-









پىتان، باش ياردەمچى ۋە ھېلىقى يولۇچى بىرىنچى گورۇپپا بولدى، ئەسىر ئېلىنغان ئىككى ماتروس ئىككىنچى گورۇپپا بولدى، كاپىتان ھۆددە قىلغاچقا ئۇلارنىڭ ئەركىنلىكى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇلارغىمۇ قورال بېرىلدى؛ بۇنىڭدىن باشقا ئىككى ئەسىر ئۈچىنچى گورۇپپا قىلىندى، كاپىتاننىڭ تەكلىپى بىلەن بۇلارمۇ قويۇپ بېرىلدى؛ ئاخىرىدا قويۇپ بېرىلگەن بەش ئادەم تۆتىنچى گورۇپپا قىلىندى.

بەش ئەسىرنى ساقلاپ مەن جۇمە بىلەن ئارالدا قالدۇق. كاپىتان بۇ 11 ئادەمنى باشلاپ ئىككى قولۋاققا چۈشۈپ، كېچە قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ چوڭ كېمىگە ھۇجۇم قىلدى.

ئۇلار چوڭ كېمىنىڭ يېنىغا كەلگەندە روي ئىچىدىكىلەر بىلەن قاتتىق ئاۋازدا سۆزلىشىپ، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، كېمىدىكىلەرنىڭ گۇمانلىنىپ تەييارلىق قىلىۋېلىشىغا ئىمكان بەرمەپتۇ.

قولۋاق كېمىگە يېقىنلاشقان ھامان كاپىتان بىلەن باش ياردەمچى ئېتىلىپ چىقىپ، ئىككىنچى ياردەمچى بىلەن ياغاچچىنى ئۇرۇپ يىقىتىپتۇ. باشقىلار كاپىتانغا ئەگىشىپ







ساداقەتمەنلىك بىلەن جەڭ قىپتۇ. ئۇلار پالۇبىدىكى ئادەملەرنى بىر ـ بىرلەپ باغلاپ، كېمىنىڭ ئاستىنقى بۆلمىسىگە قاماپ قويۇپتۇ. ئىككىنچى قولۋاقتىكىلەر كېمىنىڭ بېشى تەرىپىدىن چىقىپ كېمىنىڭ ئالدى قىسمىدىن قورشىۋېلىپ، ئاشخانىدىن ئېتىلىپ كىرىپ ئۈچ ئادەمنى تۇتۇۋاپتۇ.

كاپىتان باش ياردەمچىنى ئۈچ ئادەم بىلەن كاپىتان بۆلمىسىگە كىرىشكە بۇيرۇپتۇ. چۈنكى ئۇ يەر ئىسيان كۆتۈرگەن يېڭى كاپىتاننىڭ بۆلمىسى ئىكەن. بۇ چاغدا يېڭى كاپىتاننىڭمۇ ئۈچ ياردەمچىسى بولۇپ، قورال تۇتۇپ مۆكۈپ تۇرغانىكەن. باش ياردەمچى ئىشىكنى لوم تۆمۈر بىلەن بۇزۇپ ئاچقاندا يېڭى كاپىتان ئوق چىقىرىپ، باش ياردەمچىنىڭ بىر بىلىكىنى ئۇزۇۋېتىپتۇ. ئىككى ئادەمنى ياردار قىپتۇ.

باش ياردەمچى يارىلانغان بولسىمۇ، باتۇرلۇق بىلەن ئېتىلىپ كىرىپ، يېڭى كاپىتاننىڭ بېشىنى نىشانلاپ ئېتىپتىكەن، ئوق جايىغا تېگىپ يېڭى كاپىتان شۇ جايدىلا جان بېرىپتۇ. باشقىلار قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ چوڭ كېمىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ.

كېمە قولغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن كاپىتان ئۇلارنى كەينى ـ كەينىدىن يەتتە پاي ئوق ئېتىشقا بۇيرۇپتۇ. بۇ بىز





ئىلگىرى دېيىشىۋالغان غەلىبە سىگنالى ئىدى.

قىرغاقتا ساقلاپ ئولتۇرۇپ بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، قالتىس خۇش بولۇپ كەتتىم.

كاپىتان نۇرغۇن سوۋغىلار بىلەن مېنى ئالغىلى كەلگەندە، خۇشاللىقىمدىن ئاغزىمغا گەپ كەلمىدى. كۆزلىرىمدىن ياش تۆكۈلدى.

ئەمدى كاپىتان بىلەن ھېلىقى ئىشىنىشكە بولمايدىغان ئەسىرلەرنى قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتۇق. ئۇلارغا ئەگەر ئەنگلىيىگە قايتسا قانۇن بويىچە دارغا ئېسىلىدىغانلىقىنى ئېيتقىنىمىزدا، ئۇلار مۇشۇ ئارالدا قېلىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئۆيى، داچا، قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا، يەرلىرىمنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردىم ھەمدە 17 ئىسپان بىلەن جۇمەنىڭ دادىسىنىڭ يېقىندا مۇشۇ ئارالغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردۇم. پۇرسەت چىقىپ مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ قالسام چوقۇم بۇ يەرگە كېلىپ ئۇلارنى يوقلايدىغانلىقىمنى ئېيتتىم.

شۇنداق قىلىپ جۇمە بىلەن كېمىگە چىقتۇق.

مەن بۇ ئارالدىن 1686 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى







ئايرىدىم. بۇ ئارالدا 27 يىل 79 كۈن ياشاپتىمەن.

بۇ ئارالدىن ئايرىلىپ 1687 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئەنگلىيىگە يېتىپ كەلدىم.

بۇ چاغ مېنىڭ ئەنگلىيىدىن چىقىپ كەتكىنىمگە 36 يىل بولغانىدى.

ئەنگلىيىگە قايتىپ كېلىپ دادامنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدىم. كاپىتان ماڭا ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىمغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ئىككى يۈز فوندستېرلىڭ بەردى.

مېنىڭ بۇ يالغۇز ئارالدا ئۆتكۈزگەن 27 يىللىق ھاياتىم ھەقىقەتەنمۇ دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان ئاجايىپ ئىش ئىدى. مۇشۇنداق بەختسىزلىكلەرگە ئۇچرىغاندىن كېيىن قايتا تەۋەككۈل قىلمايدىغانلىقىمغا ھەممە ئادەم ئىشىنەتتى. لېكىن مەن جىم يېتىشنى خالىمايتتىم، دېڭىز سەپىرى قىلىشنى ياخشى كۆرەتتىم. بولۇپمۇ ئۆزۈم گۈللەندۈرگەن ئارالنى ئۇنتۇيالمايتتىم. ئىسپانلارنىڭ ھېلىمۇ شۇ يەردە بار ـ يوقلۇقىنى بىلگۈم كېلەتتى. شۇڭا دېڭىزغا سەپەر قىلىش پۇرسىتى ئىزدىدىم.

كېيىن توي قىلىپ ئۈچ باللىق بولدۇم. باللىرىم-







نىڭ ئىككىسى ئوغۇل، بىرسى قىز ئىدى، لېكىن كۆپ ئۆتمەي ئايالىم ئۆلۈپ كەتتى. بۇ چاغدا جېيەنىم ئىسپانىيىدىن دېڭىز ئارقىلىق يېتىپ كەلدى. ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن شەرقىي ھىندىستان تاقىم ئاراللىرىغا سودا قىلغىلى باردىم.

دېڭىز سەپىرىدە ھېلىقى ئارالغا بېرىپ، ۋارىسلىرىم، — ئىسپانلار بىلەن كۆرۈشتۈم. ئۇلار ماڭا ئۆز تۇرمۇشىدىكى ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ كۆرگەنلىرى مېنىڭ كۆرگەنلىرىم بىلەن ئوخشاش بوپتۇ. ئادەم گۆشى يەيدىغان ياۋايىلار بىلەن نەچچە قېتىم جەڭ قىپتۇ.

ئۇ يەردە يىگىرمە نەچچە كۈن تۇردۇم. ئۇلارغا نۇرغۇن قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا، كىيىم ـ كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى بەردىم. ئەنگلىيىدىن بىللە ئېلىپ كەلگەن بىر ياغاچچى بىلەن بىر تۆمۈرچىنى قالدۇرۇپ قويدۇم.

لېكىن بۇ ئارالغا ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە ئاڭلىشىمچە، مەن ئۇلارغا بەرگەن نەرسىلەرنى ئۈچ يۈز ياۋايى كېلىپ بۇلاپ كېتىپتۇ، ئېكىنزارلىرىنى ۋەيران قىپتۇ. بۇ جەرياندا ئۇلار ياۋايىلار بىلەن يەنە ئىككى قېتىم جەڭ قىپتۇ. بىرىنچى قېتىمدا يېڭىلىپ قېلىپ، بىر ئادىمىدىن ئايرىلىپ-



تۇ؛ ئىككىنچى قېتىمدا، ئۇلارنىڭ تەلىيىگە بوران چىقىپ، ياۋايىلارنىڭ قېيىقلىرىنى ئاقتۇرۇۋېتىپتۇ، ياۋايىلار سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۇ ماكاننى قايتىدىن گۈللەندۈرۈپ، شۇ ئارالدا ياشاۋېتىپتۇ.

دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كرۇزو

鲁宾逊海上漂流记



6.00

ISBN 978-7-5373-1736-8

9 787537 317368 >

باھاسى: 60.00 يۈەن (10 قىسىم)